بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# ئىسلام ئاۋازى گېزىتى

58- سان

قوش ھەپتىلىك گېزىت

ھىجرىيە: 1440/05/26

مىلادىيە: 2019/02/01

ئىسلام ئاۋازى ISLAM AWAZI

ئىسلام ئاۋازى تەشۋىقات بۆلۈمى

http://www.muhsinlar.com t.me/@eserler t.me/@islamawazi

## بولاقتىن تامچە

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَتَّخِذُوا آبَاءَكُمْ وَإِخْوَانَكُمْ أَوْلِيَاءَ إِنِ اسْتَحَبُّوا الْكُفْرَ عَلَى الْإِيمَانِ وَمَنْ يَتَوَلَّهُمْ مِنْكُمْ فَأُولَئِكَ هُمُ الظَّالِمُونَ۞ قُلْ إِنْ كَانَ آبَاؤُكُمْ وَأَبْنَاؤُكُمْ وَإِخْوَانُكُمْ وَأَزْوَاجُكُمْ وَعَشِيرَتُكُمْ وَأَمْوَالٌ اقْتَرَفْتُمُوهَا وَتِجَارَةٌ تَخْشَوْنَ كَسَادَهَا وَمَسَاكِنُ تَرْضَوْنَهَا أَحَبَّ إِلَيْكُمْ مِنَ اللَّهِ وَرَسُولِهِ وَجِهَادٍ فِي سَبِيلِهِ فَتَرَبَّصُوا حَتَّى يَأْتِيَ اللَّهُ بِأَمْرِهِ وَاللَّهُ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الْفَاسِقِينَ۞﴾.

### ئايەتنىڭ تەرجىمىسى

«ئى مۇئمىنلەر! ئەگەر ئاتىلىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار ئىماندىن كۇفرىنى ئارتۇق كۆرسە (كۇفرىدا مەھكەم تۇرسا)، ئۇلارنى دوست تۇتماڭلار. ئىچىڭلاردىن كىملەركى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇلار زالىملاردۇر (يەنى ئۇلارغا ئوخشاش مۇشرىكتۇر، چۈنكى مۇشرىكلىككە رازى بولغان ئادەممۇ مۇشرىك ھېسابلىنىدۇ) [23]. ئېيتقىنكى: <ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتاڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار، خوتۇنلىرىڭلار، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭلار (ھەممىدە ئۇلاردىن باشقىلار)، تاپقان پۇل-ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشىدىن قورققان تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن اللەتىن، اللەنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە اللەنىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا (يەنى شۇلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، اللەنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بەرمىسەڭلار)، ئۇ ھالدا سىلەر تاكى اللەنىڭ ئەمرى (يەنى مەككىنى پەتھى قىلىش ئىزنى) كەلگۈچە كۈتۈڭلار، الله پاسىق قەۋمنى (يەنى اللەنىڭ دىنىنىڭ چەك-چېگراسىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى) ھىدايەت قىلمايدۇ> [24]» (سۈرە تەۋبە 23- ۋە 24- ئايەت).

### بۇ ئىككى ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى

بۇ ئىككى ئايەت ئۆزىنىڭ ئەھلى-بالىلىرى ۋە تىجارەت-سودىسىنى دەپ ھىجرەتنى تەرك ئەتكەن كىشىلەر ھەققىدە نازىل بولغان.

كەلبى مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇلغاندا، بەزى كىشىلەر دادىسى، بىر تۇغقىنى ۋە ئايالىغا: <بىز ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇلدۇق> دېدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بۇ سۆزنى ئىجرا قىلىشقا ئالدىرىدى ۋە ئۇنىڭغا قىزىقتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىگە ئەھلى-بالىلىرى ئېسىلىۋېلىپ: <سەن بىزنى ھېچنەرسىمىز يوق ھالەتتە تاشلاپ قويساڭ، بىز قانداق قىلىمىز؟ بىز ھالاك بولۇپ كەتمەيمىزمۇ؟ اللەنىڭ نامى بىلەن سەندىن سورايلى، بىزنى تاشلاپ قويمىغىن!> دېيىشكە باشلىدى. ھىجرەت قىلماقچى بولغان بەزى كىشىلەر بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خوتۇن-بالىلىرىنىڭ بۇ نالە-پەريادلىرى ۋە يالۋۇرۇشلىرىغا ئىچى ئاغرىپ، ئۇلار بىلەن ئولتۇرۇپ قالدى ۋە ھىجرەتنى تەرك ئەتتى. شۇنىڭ بىلەن الله تعالى ئۇلارنى ئەيىبلەپ بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: <ئى مۇئمىنلەر! ئەگەر ئاتىلىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار ئىماندىن كۇفرىنى ئارتۇق كۆرسە (كۇفرىدا مەھكەم تۇرسا)، ئۇلارنى دوست تۇتماڭلار> («أسباب النزول للواحدي» ناملىق كىتابنىڭ 140- بېتىدىن ئېلىندى).

24- ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ھەققىدە فەريابى مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى سىيرىن ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رضي الله عنەدىن نەقىل قىلغان ھەدىستە، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رضي الله عنە مۇنداق دېگەن: «الله تعالى قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان بىر تۈركۈم كىشىلەرگە: <سىلەر ھىجرەت قىلمامسىلەر؟! اللەنىڭ ئەلچىسىگە قوشۇلمامسىلەر؟!> دېگەنىدى، ئۇلار: <بىز قېرىنداشلىرىمىز، جەمەتىمىز، قەبىلىلىرىمىز ۋە تۇرالغۇ جايلىرىمىز بىلەن بىللە تۇرۇپ قالىمىز> دەپ جاۋاب بېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن الله تعالى: <ئېيتقىنكى: <ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتاڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار، خوتۇنلىرىڭلار، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭلار (ھەممىدە ئۇلاردىن باشقىلار)، تاپقان پۇل-ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشىدىن قورققان تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن اللەتىن، اللەنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە اللەنىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا (يەنى شۇلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، اللەنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بەرمىسەڭلار)، ئۇ ھالدا سىلەر تاكى اللەنىڭ ئەمرى (يەنى مەككىنى پەتھى قىلىش ئىزنى) كەلگۈچە كۈتۈڭلار، الله پاسىق قەۋمنى (يەنى اللەنىڭ دىنىنىڭ چەك-چېگراسىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى) ھىدايەت قىلمايدۇ> دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى».

### بۇ ئىككى ئايەتنىڭ ئىلگىرىكى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

الله تعالى ئىلگىرىكى ئايەتلەردە مۇئمىنلەرنى مۇشرىكلاردىن ئادا-جۇدا بولۇشقا ۋە ئۇلار بىلەن بولغان ئەھدىلەرنى بىكار قىلىشقا بۇيرۇغاندا، مۇئمىنلەر: «كىشى ئۆزىنىڭ ئاتىسى، ئانىسى ۋە قېرىنداشلىرىدىن قانداقمۇ تەلتۆكۈس ئادا-جۇدا بولالىسۇن؟!» دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن الله تعالى ئاتا-ئانىلار، بالىلار، قېرىنداشلار ۋە بىر تۇغقانلاردىن ئۇلارنىڭ كۇفرىلىقى سەۋەبلىك ئالاقىنى ئۈزۈشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئى مۇئمىنلەر! ئەگەر ئاتىلىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار ئىماندىن كۇفرىنى ئارتۇق كۆرسە (كۇفرىدا مەھكەم تۇرسا)، ئۇلارنى دوست تۇتماڭلار. ئىچىڭلاردىن كىملەركى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇلار زالىملاردۇر (يەنى ئۇلارغا ئوخشاش مۇشرىكتۇر، چۈنكى مۇشرىكلىككە رازى بولغان ئادەممۇ مۇشرىك ھېسابلىنىدۇ)».

ئۇنىڭدىن كېيىنكى: «ئېيتقىنكى: <ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتاڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار، خوتۇنلىرىڭلار، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭلار (ھەممىدە ئۇلاردىن باشقىلار)، تاپقان پۇل-ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشىدىن قورققان تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن اللەتىن، اللەنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە اللەنىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا (يەنى شۇلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، اللەنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بەرمىسەڭلار)، ئۇ ھالدا سىلەر تاكى اللەنىڭ ئەمرى (يەنى مەككىنى پەتھى قىلىش ئىزنى) كەلگۈچە كۈتۈڭلار، الله پاسىق قەۋمنى (يەنى اللەنىڭ دىنىنىڭ چەك-چېگراسىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى) ھىدايەت قىلمايدۇ>» دېگەن ئايەت ئىلگىرىكى ئايەتنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ ۋە تەكىتلەپ كەلدى. الله تعالى بۇ ئايەتتە دىنىنىڭ ساق-سالامەت قېلىشى ئۈچۈن دۇنياۋى زىيانلارنىڭ ھەممىسىنى كۆتۈرۈشنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. چۈنكى دىنىنىڭ سالامەت قېلىشى كاپىرلاردىن ئادا-جۇدا بولۇش ۋە ئۇلارنى دوست تۇتماسلىق ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، دىن ئۇقۇملارنى ئۆزگەرتىدىغان نەرسىدۇر. دىندا دىنىي رىشتە ۋەتەنداشلىق، مىللەتداشلىق، تۇغقانچىلىق ۋە ئائىلە رىشتىسىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. دىن شۇنى قارار قىلىدۇكى، ھىجرەت ۋە جىھادنىڭ مېۋىسى پەقەت مۇشرىكلارنى دوست تۇتۇشنى تەرك ئەتكەندىلا، الله ۋە اللەنىڭ رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىشنى ھاياتتىكى بارچە نەرسىدىن ئۈستۈن بىلگەندىلا ئاندىن ئاشكارا بولىدۇ.

### ئايەتنىڭ تەپسىرى

ئى الله ۋە اللەنىڭ رەسۇلىغا ئىمان كەلتۈرگۈچىلەر! سىلەر ئاتا-ئاناڭلار، بىر تۇغقانلىرىڭلار ۋە قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇلار مۇسۇلمانلارغا قارشى جەڭ قىلغاندا ئۇلارغا ياردەم بېرىدىغان ياكى ئاتا-ئاناڭلارنى دەپ كۇففارلارنى قوللايدىغان ۋە ياكى كۇففارلارنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي سىرلىرى ۋە ئەسكىرىي مەخپىيەتلىكلىرىدىن خەۋەردار قىلىدىغان دەرىجىدە دوست قىلىۋالماڭلار. بولۇپمۇ ئۇلار كۇفرىنى ئىماندىن، شېرىكنى ئىسلامدىن ئۈستۈن بىلگەن بولسا، ئۇلارنى ھەرگىزمۇ دوست قىلىۋالماڭلار. سىلەردىن كىمكى ئۇلارنى دوست قىلىۋالىدىكەن، ئەنە شۇلار ئۆزىگە ۋە ئۈممەتكە زۇلۇم قىلغۇچىلاردۇر. چۈنكى، ئۇلار كاپىرلاردىن ئادا-جۇدا بولۇشنىڭ ئورنىغا شۇ كاپىرلارنى دوست تۇتۇش ئارقىلىق الله ۋە اللەنىڭ رەسۇلىغا قارشىلىق قىلغان كىشىلەردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تعالى مۇسۇلمانلارنى ئۇلار بىلەن ئارىلىشىشتىن توسۇپ ۋە بۇ توسۇشنىڭ مەكرۇھ تەنزىھ (يەنى قىلسا گۇناھ بولمايدىغان ئەمما تەرك ئەتسە كۆپ ساۋاب بولىدىغان يامان كۆرۈلىدىغان ئىش) مەقسىتىدە ئەمەس بەلكى «ھارام» دېگەن ھۆكۈم مەقسىتىدە ئىكەنلىكىنى ئىزاھلاپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىچىڭلاردىن كىملەركى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇلار زالىملاردۇر» (سۈرە تەۋبە 23- ئايەتنىڭ بىر قىسمى). ئىبنى ئاببās رضي الله عنە بۇ ئايەتنى: «سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن كىمكى كاپىر ئاتا-ئانىسىنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇمۇ شۇ ئاتا-ئانىسىغا ئوخشاشلا مۇشرىكتۇر. چۈنكى ئۇ ئاتا-ئانىسىنىڭ مۇشرىكلىكىگە رازى بولدى. خۇددى پاسىقلىققا رازى بولۇش پاسىقلىق بولغانىدەك، كۇفرىغا رازى بولۇش كۇفرىلىقتۇر» دەپ تەپسىر قىلدى. بۇ ئايەتنى «سۈرە مۇمتەھىنە»نىڭ 9- ئايىتى تېخىمۇ كۈچلەندۈرىدۇ: «الله دىن ئۈچۈن سىلەر بىلەن ئۇرۇشقان، سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارغان ۋە سىلەرنى ھەيدەپ چىقىرىشقا ياردەملەشكەنلەرنى دوست تۇتۇشتىن سىلەرنى توسىدۇ، كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇلار زالىملاردۇر».

ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرى، ئەھلى-تاۋابىئاتى ۋە جەمەتىنى الله ۋە اللەنىڭ پەيغەمبىرىدىن ھەمدە اللەنىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ ئۈستۈن كۆرگەن كىشىلەرگە الله تعالى پەيغەمبىرىنى ئازاب ۋەدە قىلىشقا بۇيرۇپ «إِنْ» دېگەن كەلىمە بىلەن سۆزىنى باشلىدى. بۇ «إِنْ» دېگەن كەلىمە شەكنى ئىپادىلىگۈچى كەلىمە بولۇپ، مۇئمىنلەرنىڭ كاپىرلارنى ياخشى كۆرۈشى شەك قىلىنغان ئىشتۇر. بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغىنى — كاپىرلارنى اللەتىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرۈشتۇر. ئەمما «ياخشى كۆرۈش» دېگەننىڭ ئەسلى يىلتىزى ئىنساننىڭ يارىتىلىش تەبىئىتىدە مەۋجۇد بولغان ئىش بولۇپ، ئىنسان بۇنداق ياخشى كۆرۈش سەۋەبلىك الله تەرەپتىن مالامەتكە ئۇچرىمايدۇ، ئەيىبلەنمەيدۇ، سوراقتا قىلىنمايدۇ ۋە جازاغا تارتىلمايدۇ. چۈنكى شەرىئەت ئىنساننى قۇدرىتى يەتمەيدىغان ئىشلارغا تەكلىپ قىلمايدۇ. «ياخشى كۆرۈش» ھەرگىزمۇ مۇھەببەت-نەپرەتكە ئوخشاش ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىدا بار بولغان تۇغما خاراكتېر ياكى يارىتىلىش تەبىئىتىگە مەنسۇپ بولغان ئىشلارغا قارىتىلمىغاندۇر.

الله تعالى رەسۇلۇللاھ ﷺگە مۇنداق دەيدۇ: «ئېيتقىنكى: <ئەگەر سىلەر ئاتا-ئانىلار، بالىلار، بىر تۇغقانلار، تۇرمۇش ھەمراھىڭلار، يېقىن جەمەتىڭلار، مال-مۈلۈكلەر، سودا-تىجارەتلەر ۋە تۇرالغۇلار (دىن ئىبارەت مۇشۇ سەككىز خىل نەرسە)نى الله ۋە اللەنىڭ رەسۇلىنى ياخشى كۆرۈشتىن (يەنى الله ۋە اللەنىڭ رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىش) ھەمدە (سىلەرنىڭ ئاخىرەتلىك بەخت-سائادىتىڭلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بېرىدىغان) الله يولىدىكى جىھادتىنمۇ ئۈستۈن كۆرسەڭلار، ئۇنداقتا الله ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيالىق ياكى ئاخىرەتلىك ئازابىنى كەلتۈرگەنگە قەدەر كۈتۈڭلار» (سۈرە تەۋبە 24- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

مانا بۇ سەككىز تۈرلۈك نەرسىنى تۆت تۈرگە بۆلۈپ يىغىنچاقلاش مۇمكىن. ئۇلار:

يېقىن تۇغقانلىرى بىلەن ئارىلىشىش. مانا بۇ — ئاتا-ئانىلار، بالىلار، قېرىنداشلار ۋە تۇرمۇش ھەمراھلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاندىن كېيىن ئىككىنچىسى، قەبىلە-جەمەتلەر. ئۈچىنچىسى، ئىشلەپ تاپقان مال-مۈلكىنى ساقلاپ قېلىشقا بولغان مايىللىق. تۆتىنچىسى، سودا-تىجارەت ئارقىلىق مال-مۈلۈك قولغا كەلتۈرۈشكە قىزىقىش ۋە تۇرالغۇلارغا قىزىقىش. مانا بۇ ئاجايىپ گۈزەل بىر تەرتىپ. الله تعالى سۆزنى ئىنسان قەلبىنىڭ باغلىنىپ قېلىشى ئەڭ قاتتىق بولغان ۋە ئىنساننىڭ ئارىلىشىشى ئەڭ كۈچلۈك بولغان نەرسىدىن باشلىدى. ئۇ بولسىمۇ تۇغقانچىلىق؛ ئاندىن كېيىن قالسا مال-مۈلۈككە ھېرىس بولۇش؛ ئاندىن كېيىن قالسا مال-مۈلۈكنى تىجارەت يولى بىلەن قولغا كەلتۈرۈش؛ ئاندىن كېيىن قالسا تۇرالغۇ ئۈچۈن خاس قىلىنغان ھويلا-سارايلارنى بىنا قىلىش ۋە ۋەتەنلەرنى قۇرۇپ چىقىشقا بولغان قىزغىنلىق. لېكىن الله تعالى شۇنى بايان قىلدىكى، دىنىنى قوغداش ۋە مۇھاپىزەت قىلىش يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قوغداش ۋە مۇھاپىزەت قىلىشتىن ئەۋزەل ۋە ئۈستۈندۇر. ھەممىگە مەلۇمكى، يۇقىرىقى سەككىز تۈرلۈك نەرسىنى ياخشى كۆرۈش ئىنسان تەبىئىتىدە بار ئىشتۇر. مەسىلەن، ئاتا-ئانىلارنى ياخشى كۆرۈش. ئۇ بالا-چاقىلارنىڭ ۋۇجۇدىدا غەرىزە (يەنى تۇغما ئېھتىياج) بولۇپ كەتكەن ئىشتۇر. چۈنكى بالا ئاتا-ئانىسىنىڭ بىر پارچىسىدۇر. بالا ئاتىسىنىڭ ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا سەۋەب بولغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ ۋە بىلىدۇ. ئەرەبلەر قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئاتىلىرىدىن پەخىرلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تعالى مۇئمىنلەرنى ئۆزىنى خۇددى ئاتا-ئانىلارنى ياد ئەتكەندەك ياكى ئۇنىڭدىن بەكرەك ھالەتتە ياد ئېتىشكە قىزىقتۇرۇپ «سۈرە بەقەرە»دە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر ھەجگە ئائىت ئىبادەتلەرنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، اللەنى بولسا ئاتا-بوۋاڭلارنى (پەخىرلىنىپ) ياد ئەتكەندەك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ زىيادە ياد ئېتىڭلار» (سۈرە بەقەرە 200- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

ئوغۇللارنى ياخشى كۆرۈش. بۇمۇ ئاتىلارنىڭ تەبىئىي تۇغما خاراكتېرىدە مەۋجۇت بولغان غەرىزە (يەنى تۇغما ئېھتىياج)دۇر بەلكى ئاتىلارنىڭ بالىلارنى ياخشى كۆرۈشى بالىلارنىڭ ئاتىلارنى ياخشى كۆرۈشىدىن كۈچلۈكرەكتۇر. چۈنكى بالا دېگەن — ئۇ جىگەر-پارە، ئۇ ئۈمىد ۋە ئارزۇنىڭ ئورنى ھەمدە ئىنساننىڭ ئەھلى ئىچىدىكى پەخىرلىنىدىغان نەرسىسىدۇر. شۇڭا الله تعالى: «ماللار ۋە بالىلار دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ

(ئاخىرى 2- بەتتە)

(بېشى 1- بەتتە)

زىنىنتىدۇر» (سۈرە كەھف 46- ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دەيدۇ.

بىر تۇغقان ئۆزىنىڭ بىر تۇغقىنى بىلەن كۈچىيىدۇ. بۇ ئىككىسىنى ئاتا-ئانىدىن ئىبارەت يىلتىزلارغا تەۋە بولۇش باغلاپ تۇرىدۇ. شۇڭا الله تعالى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دەيدۇ: «الله ئېيتتى: ‹قېرىندىشىڭ ئارقىلىق سېنى كۈچەيتىمىز، ئىككىڭلارنى غالىب قىلىمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئىككىڭلارغا زىيانكەشلىك قىلالمايدۇ، سىلەر ئىككىڭلار ۋە ئىككىڭلارغا ئەگەشكەنلەر بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز ئارقىلىق غەلىبە قىلىسىلەر›» (سۈرە قەسەس 35- ئايەت).

تۇرمۇش ھەمراھىنى ياخشى كۆرۈش. بۇمۇ ئىنساننىڭ يارىتىلىش تەبىئىتىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان تەبىئىي بىر ئىشتۇر. تۇرمۇش ھەمراھىنىڭ ھەربىرى يەنە بىرىنى تاكامۇللاشتۇرىدۇ، شۇنداقلا بىرى يەنە بىرىگە نىسبەتەن ئارامچىلىق ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇھەببەت ۋە ئۆزئارا رەھىم قىلىش مەۋجۇتتۇر. شۇڭا الله تعالى «سۈرە رۇم»نىڭ 21- ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئاياللار بىلەن ئۈنسى-ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن (اللهنىڭ) ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا (يەنى ئەر-خوتۇن ئارىسىدا) مېھىر-مۇھەببەت ئورناتقانلىقى اللهنىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن، شەك-شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار».

جەمەتنى ياخشى كۆرۈش. بۇ ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە بىر-بىرىگە ياردەم قىلىشقا بولغان ئېھتىياج ئۈستىگە قۇرۇلغاندۇر. مانا بۇمۇ قەبىلە تۈزۈمىدىكى جەمئىيەتلەرگە تەسىرى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان بىر ئامىلدۇر.

ئىنسانغا نىسبەتەن تەستە ئىشلەپ تاپقان مالنىڭ مۇھەببىتى ئىنتايىن كۈچلۈكتۇر. چۈنكى ئىشلەپ تاپقان پۇل-مال ئىنساننىڭ جاپا-مۇشەققىتىنىڭ مېۋىسىدۇر. شۇنىڭدەك، سودا-تىجارەتنى ياخشى كۆرۈشمۇ ئىنسان پسىخىكىسىدا يىلتىز تارتقان بىر ئېھتىياجدۇر. چۈنكى بۇ ــــ مال توپلاشنىڭ ۋاستىسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن شەخس ئۆزىنىڭ تىجارەتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىنتايىن ھېرىس بولىدۇ. بۇنىڭدىكى مەقسەت ــــ ئۆزىنىڭ كىرىم مەنبەلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە پايدىسىنى كۆپەيتىپ، شۇ پايدىلاردىن مەنپەئەتلىنىشتۇر.

ياخشى تۇرالغۇلارنى ياخشى كۆرۈش. بۇمۇ ئىنسان كۆڭلىگە يوشۇرۇنغان تەبىئىي ئامىلدۇر. چۈنكى ياخشى تۇرالغۇلار راھەتنىڭ، خاتىرجەملىكنىڭ ۋە تىنچلىقنىڭ بۆشۈكىدۇر، شۇنداقلا ئۆزئارا پەخىرلىنىش ۋە نېئمەتلەرنى كۆز-كۆز قىلىشنىڭ ۋاستىسىدۇر. شۇڭا بۇ نەرسىلەر ئۆرپ-ئادەتلەردە ئىجتىمائىي ئاساسلاردىن بولۇپ قالغان.

الله تعالى ۋە اللهنىڭ رەسۇلىنىڭ مۇھەببىتى ۋە ئۇ ئىككىسىگە بولغان ئىتائەت ھەمدە الله يولىدىكى جىھادنى يۇقىرىقى سەككىز تۈرلۈك نەرسىنىڭ مۇھەببىتىدىن (ھەرخىل تاشقى كۆرۈنۈش ۋە ھەرخىل يوشۇرۇن ھەقىقەتلەرگە ئىگە بولۇشىغا قارىماي) ئۈستۈن كۆرۈشكە بۇيرۇق قىلدى. چۈنكى الله تعالى جىمى نېئمەتلەرنىڭ پەيدا قىلغۇچىسى، بارلىق قىيىنچىلىق ۋە خاپىلىقلارنىڭ كۆتۈرۈۋەتكۈچىسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇئمىنلەر اللهنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدۇ. الله تعالى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «بەزى ئادەملەر اللهتىن غەيرىيلەرنى (يەنى بۇتلارنى) اللهقا شېرىك قىلىۋالىدۇ، ئۇلارنى (مۇئمىنلەرنىڭ) اللهنى دوست تۇتقىنىدەك دوست تۇتىدۇ، (يەنى ئۇلۇغلايدۇ ۋە ئۇلارغا بويسۇنىدۇ). مۇئمىنلەر اللهنى ھەممىدىن بەك دوست تۇتقۇچىلاردۇر» (سۈرە بەقەرە 165- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

شۇنىڭدەك، پەيغەمبەر سۆيگۈسى الله سۆيگۈسىدىن (يەنى اللهنى ياخشى كۆرۈشتىن) كېيىن تۇرىدىغان پەرزدۇر. چۈنكى پەيغەمبەر بىزنى ئازغۇنلۇقتىن نۇرغا، كۇفرىدىن ئىمانغا قۇتقۇلدۇرۇپ چىقىشتىكى تۆھپىنىڭ ساھىبىدۇر. رەسۇلۇللاھ ﷺ شەرىئەتنى تەبلىغلاش ۋە ئەخلاق مەسىلىسىدە مۇئمىنلەر ئۈچۈن گۈزەل ئۈلگە ۋە ئەڭ ئالىي مىسالدۇر. سەھىھ ھەدىستە رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «جېنىم قولىدا بولغان زات الله بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەرنىڭ بىرىڭلارغا ئۆزىنىڭ دادىسىدىن، بالىسىدىن ۋە بارچە كىشىلەردىنمۇ سۆيۈملۈك بولمىغۇچە، ئۇ كىشى مۇئمىن بولالمايدۇ».

ئىمام ئەھمەد ۋە ئىمام بۇخارى رحمه اللهلار ئابدۇللاھ ئىبنى ھىشام رضي الله عنه دىن نەقىل قىلغان ھەدىستە، ئابدۇللاھ ئىبنى ھىشام رضي الله عنه مۇنداق دەيدۇ: «بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىرگە ئىدۇق. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ قولىنى تۇتقان ئىدى. ئۆمەر: ‹الله بىلەن قەسەم، ئى رەسۇلۇللاھ! مەن سېنى ئۆز جېنىمدىن باشقا ھەرقانداق نەرسىدىنمۇ ئارتۇق ياخشى كۆرىمەن› دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا: ‹سىلەرنىڭ بىرىڭلار مېنى ئۆز جېنىدىنمۇ ئارتۇق ياخشى كۆرمىگىچە مۇئمىن بولالمايدۇ› دېدى. ئۆمەر: ‹الله بىلەن قەسەم، ئى رەسۇلۇللاھ! سەن ئەمدى ماڭا ئۆز جېنىمدىنمۇ بەك سۆيۈملۈكسەن› دېدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ﷺ: ‹ھە! ئەمدى ئىمانىڭ پۈتۈن بولدى، ئى ئۆمەر! ئەمدى بولدى، ئى ئۆمەر!› دېدى».

جىھادقا كەلسەك، گەرچە جىھاد خۇددى الله تعالىنىڭ «سۈرە بەقەرە» 216- ئايەتنىڭ بىر قىسمىدا: «سىلەرگە جىھاد پەرز قىلىندى، ھالبۇكى، سىلەر ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر» دېگىنىدەك بەزى كىشىلەرگە ئېغىر كۆرۈلىدىغان ۋە ياقتۇرۇلمايدىغان ئىش بولسىمۇ، ئەمما ئۈممەتنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى ساقلاش، يۇرت-ماكانىنى قوغداش، يۇرتلارنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە شۇ يۇرت پۇقرالىرىنىڭ مەنپەئەتلىرىنى قوغداشتىكى بىردىنبىر يولدۇر. جىھاد ــــ ئىززەت-ھۆرمەت، مال-مۈلۈك، يۈز-ئابرۇي ۋە نومۇسلارنى قوغداشنىڭ بىردىنبىر سەۋەبىدۇر: جىھاد ــــ تاجاۋۇزچىلىقنى چېكىندۈرۈش ۋە دۈشمەنلەرنىڭ قارا نىيىتىنى بىتچىت قىلىشنىڭ ۋاستىسىدۇر: جىھاد ــــ ئۈممەتنىڭ ئىززىتى ۋە شان-شۆھرىتىنى تولۇق قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئاساسىدۇر. جىھادسىز ئومۇمىي ۋە ئايرىم مەنپەئەتلەرنىڭ ھەممىسى زاۋاللىق تەھدىتىگە دۇچار بولغۇچىدۇر. شۇڭا الله تعالى يۇقىرىقى مەقسەتلەرنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن جىھادنى پەرز قىلدى. الله تعالى ئىنسانلارنىڭ دىندا پىتنىلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاجىزلارنى ھىمايە قىلىش ۋە ئىسلامنىڭ تىنچ يول بىلەن تارقىلىش ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن جىھادنى پەرز قىلدى ۋە جىھادنى ياخشى كۆرۈش مۇسۇلمانلار ھاياتى ئۈچۈن تەلەپ قىلىنغان بىر بۇيرۇق بولدى. تىرمىزى مۇئاز ئىبنى جەبەل رضي الله عنهدىن نەقىل قىلغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئىشنىڭ بېشى ئىسلامدۇر، ئۇنىڭ تۈۋرۈكى نامازدۇر، ئۇنىڭ چوققىسى جىھادتۇر».

ئىمام ئەھمەد، بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رحمهم اللهلار ئەنەس ئىبنى مالىك رضي الله عنهدىن نەقىل قىلغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله يولىدا ئەتىگەن-ئاخشامدا جىھادقا چىقىش دۇنيا ۋە دۇنيادىكى بارچە نەرسىلەردىن ئەۋزەلدۇر».

ئاندىن كېيىن، الله تعالى بۇ ئايەتنى اللهقا قارشى تۇرغانلار ۋە اللهتىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەرگە بۇ دۇنيالىق ياكى ئاخىرەتلىك ئازاب ۋەدە قىلىش ۋە تەھدىت سېلىش بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇپ: «ئۇ ھالدا سىلەر تاكى اللهنىڭ ئەمرى (يەنى مەككىنى پەتھى قىلىش ئىزنى) كەلگۈچە كۈتۈڭلار» دېدى. بەزى مۇپەسسىرلەر دېدىكى: «بۇ ئايەت ئىنتايىن ئېغىر ۋە شىددەتلىك ئايەت بولۇپ، بۇ ئايەتتىنمۇ شىددەتلىك بىر ئايەتنى كۆرمەيسەن. چۈنكى بۇ ئايەت ئىنسانلارغا ئۇلار چىڭ ئېسىلىپ تۇرۇۋاتقان دىن ئەھدىسىنىڭ بوشاپ كېتىش ۋە ئاخىرەتكە جەزمىي ئىشىنىش ئارغامچىسىنىڭ چۇۋۇلۇپ كېتىشتىن ئىبارەت ھالاكەتنىڭ خەۋىرىنى بايان قىلىدۇ». يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر: «بۇ ئايەتتە ئىنتايىن ئېغىر قاتتىقلىق قىلىش بار. بۇ ۋەدە قىلىنغان قاتتىق ئازابتىن پەقەت ناھايىتى ئاز كىشىلەرلا قۇتۇلۇپ قالىدۇ» دېدى. ئاخىرىدا الله تعالى: «الله پاسىق قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ» دېدى. يەنى، الله تعالى دىنىنىڭ چەك-چېگرىسىدىن ۋە ئەقىل-ھېكمەتنىڭ تەقەززاسىدىن چىقىپ كەتكۈچى ياكى اللهنىڭ ئىتائىتىدىن اللهقا ئاسىيلىق قىلىشقا چىقىپ كەتكۈچى ئاسىي گۇناھكارلارنى توغرا يولغا يېتەكلىمەيدۇ. مانا بۇ ئايەتنىڭ ئوخشىشى بولغان ئايەت بولسا سۈرە مۇجادىلە 22- ئايەتتۇر: «اللهقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بىر قەۋمنىڭ الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشقانلارنى ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى، ئوغۇللىرى، يا قېرىنداشلىرى، يا ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ دوست تۇتقانلىقىنى كۆرمەيسەن (يەنى ئۇلارنى دوست تۇتۇشى مۇمكىن ئەمەس)، ئەنە شۇلارنىڭ دىللىرىدا الله ئىماننى مەھكەم قىلدى ۋە ئۆز دەرگاھىدىن بولغان روھ بىلەن ئۇلارنى كۈچەيتتى، الله ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ».

## ئايەتتىن ئېلىنغان پايدىلار

بىرىنچى، كاپىرلار گەرچە ئەڭ يېقىن تۇغقانلاردىن بولسىمۇ، مەسىلەن، ئاتا ياكى بالا ۋە ياكى بىر تۇغقان قېرىنداش دېگەنگە ئوخشاش ئەڭ يېقىن تۇغقانلاردىن بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنى دوست تۇتۇشنىڭ ھاراملىقى.

ئىككىنچى، الله، اللهنىڭ رەسۇلى ۋە مۇئمىنلەر بىلەن دۈشمەنلەشكەن كىشىلەرنى دوست تۇتۇشنىڭ ئىنتايىن ئېغىر بولغان زۇلۇم جۈملىسىدىن ئىكەنلىكى.

ئۈچىنچى، الله، اللهنىڭ رەسۇلى ۋە الله يولىدا جىھادنى ياخشى كۆرۈش ھەمدە الله ياخشى كۆرىدىغان بارچە ئەقىدە، ئەخلاق، ئەمەل، شەخس ۋە سۈپەتلەرنى ياخشى كۆرۈش شۇنداقلا الله ئۆچ كۆرىدىغان بارچە ئەقىدە، ئەخلاق، ئەمەل، شەخس ۋە سۈپەتلەرنى يامان كۆرۈشنىڭ پەرزلىكى.

تۆتىنچى، پاسىقلىققا كىرىشىپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ الله تعالىنىڭ ھىدايىتىدىن مەھرۇم قالىدىغانلىقى. يەنى پاسىقلىققا كىرىشىپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ ئۇلارنى تاكامۇللاشتۇرىدىغان ۋە دۇنيا-ئاخىرەتتە بەختلىك قىلىدىغان نەرسىگە ھىدايەت قىلىنىشتىن مەھرۇم قالىدىغانلىقى.

بەشىنچى، «سىلەر ئاتاڭلارنى دوست تۇتماڭلار» دېگەن بۇ خىتابنىڭ جىمى مۇئمىنلەرگە قىلىنغان، مۇئمىنلەر بىلەن كاپىرلار ئوتتۇرىسىدا دوستلۇقنى ئۈزۈش ھەققىدىكى قىيامەت قايىم بولغانغا قەدەر داۋاملاشقۇچى ھۆكۈم شەكلىدىكى خىتاب ئىكەنلىكى.

ئالتىنچى، الله تعالى بۇ يەردە «ئاتا» ۋە «قېرىنداشلار» دېگەنلەرنى ئايرىم تىلغا ئالدى. چۈنكى ئىنسان ئۈچۈن بۇ ئىككىسىدىنمۇ يېقىن بىر تۇغقان يوق. الله تعالى خۇددى باشقا كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى يوققا چىقارغاندەك، بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنىمۇ يوققا چىقاردى. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت ــــ اللهنىڭ نەزىرىدە ھەقىقىي ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان تۇغقانچىلىقنىڭ قانداشلىق تۇغقانچىلىقى ئەمەس بەلكى دىن تۇغقانچىلىقى ئىكەنلىكى.

يەتتىنچى، الله تعالىنىڭ بۇ ئايەتتە ئوغۇللارنى تىلغا ئېلىشى بولسا ئىنسانلاردىكى كۆپىنچە ئەھۋال ئوغۇللارنىڭ ئاتىلارغا تەۋە بولغانلىقى ئۈچۈن ئىكەنلىكى.

سەككىزىنچى، كاپىرلارغا ياخشىلىق قىلىش ۋە ئۇلارغا بەزى نەرسىلەرنى سوۋغا قىلىشنىڭ شەرىئەتتە چەكلەنگەن «دوست تۇتۇش»تىن ئايرىپ چىقىلغان ھۆكۈم ئىكەنلىكى. بۇنىڭ دەلىلى ــــ ئىمام بۇخارى توپلىغان مۇنۇ ھەدىستۇر: «ئەسما رضي الله عنها: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! ئانام مېنىڭ ياخشىلىق قىلىشىمغا قىزىقىپ كەپتۇ. ئۇ مۇشرىك ئىدى. مەن ئۇنىڭغا سىلە-رەھىمنى ئۇلايمەنمۇ؟› دېگەندە، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا: ‹سەن ئاناڭغا سىلە-رەھىمنى ئۇلىغىن› دېگەن».

توققۇزىنچى، «سىلەردىن كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئەنە شۇلار زالىملاردۇر» دېگەن ئايەت سۈرە مائىدەدىكى «سىلەردىن كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئەنە شۇ شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر» دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرى بولۇپ، بۇ دېگەنلىك ــــ ئۆزىنىڭ كاپىر ئاتا-ئانىسىنى دوست تۇتقان كىشى ھارام ئىشنى قىلغان بولىدۇ ۋە ئاقىۋەتتە كاپىر بولۇپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن يامان ئاقىۋەتكە قالىدۇ دېگەنلىك بولىدىغانلىقى ياكى بولمىسا مۇشۇ دۇنيادىكى ھۆكۈمدە شۇلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ دېگەنلىك بولىدىغانلىقى. قانداقلا بولمىسۇن شۇ مۇشرىك ئاتا-ئانىسىنى دوست تۇتۇش ۋە ياخشى كۆرۈشنىڭ زۇلۇم ئىكەنلىكى. زۇلۇم دېگەنلىك ــــ بىر نەرسىنى ئۆز ئورنىغا قويماسلىق ئىكەنلىكى.

ئونىنچى، الله تعالىنىڭ: «ئېيتقىنكى: ‹ئى مۇھەممەد، ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتىلىرىڭلار...› دېگەن بۇ سۆزى الله ۋە اللهنىڭ رەسۇلىنى ياخشى كۆرۈشنىڭ پەرزلىكىگە دەلىل ئىكەنلىكى، ئۈممەتنىڭ ئارىسىدا بۇنىڭ پەرزلىكى ھەققىدە ئىختىلاپ يوقلۇقى. الله ۋە اللهنىڭ رەسۇلىنى ياخشى كۆرۈش باشقا ھەرقانداق ياخشى كۆرۈشنىڭ ئالدىدا تۇرۇشى كېرەكلىكى.

ئون بىرىنچى، الله ۋە اللهنىڭ رەسۇلىنى ياخشى كۆرۈش دېگەنلىك ــــ الله ۋە اللهنىڭ رەسۇلىنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىش دېگەنلىك بولىدىغانلىقى. چۈنكى الله تعالى سۈرە ئال ئىمران 31- ئايەتتە مۇنداق دېگەن: «(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى: ‹ئەگەر سىلەر اللهنى دوست تۇتساڭلار (يەنى ياخشى كۆرىدىغان بولساڭلار)، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، الله سىلەرنى دوست تۇتىدۇ (يەنى ياخشى كۆرىدۇ)›».

# دىنىي ئەھكاملار

## ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسى ھەققىدە چۈشەنچە

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە بولسا تەكفىر (يەنى كاپىرغا چىقىرىش) ئىشىدا كىشىلەر ئىچىدىكى ئەڭ تەقۋادار ۋە ئەڭ ئېھتىياتچانلىرىدۇر. چۈنكى مۇسۇلماننى كاپىرغا چىقىرىش ناھايىتىمۇ خەتەرلىك بىر مەسىلە بولۇپ، بۇ نۇرغۇن ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا روشەن ۋە ئوچۇق دەلىل بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، بۇ مەسىلىگە كىرىشمەسلىك پەرزدۇر. شەرئىي دەلىلنىڭ تەقەززاسى بويىچە، تاشقى كۆرۈنۈشى ئادىل بولغان مۇسۇلمان كىشىدىن شۇ ئادىللىق ۋە مۇسۇلمانچىلىقنىڭ يوقۇلۇشى تولۇق ئىسپاتلىنىپ چىقمىغۇچە، ئۇ كىشىنىڭ مۇسۇلمانچىلىق ۋە ئادالىتىنىڭ داۋاملىشىشى ئەسلى قائىدىدۇر. شۇڭلاشقا تەكفىر ئىشىدىن ساقلىنىشقا يول تاپقىلى بولسىلا ساقلىنىش ۋاجىبتۇر. چۈنكى تەكفىر مەسىلىسى ئىنتايىن خەتەرلىك ۋە ئېغىر مەسىلىدۇر. كىمكى بۇ مەسىلىدىكى ۋاجىبنى بىلمەيدىكەن، ئۇنداقتا بۇ كىشى ئېزىپ كېتىدۇ. كاتتا مۇجتەھىد ئالىملارمۇ بۇ مەسىلىدە ئىككىلىنىپ توختاپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ساق قالغان. يېڭى ئوقۇش باشلىغان تالىپلار بۇ مەسىلىگە جۈرئەت قىلىپ يولدىن چۈشۈپ قالغان. شۇڭا ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە كۇفۇر ۋە ئىمان مەسىلىلىرىدە كىشىلەرگە ھۆكۈم قىلىشتا زاھىرى (تاشقى كۆرۈنۈشى) بويىچە ھۆكۈم قىلىدۇ. ئەگەر كىشىلەر تاشقى جەھەتتىن ئىسلامنى ئاشكارا قىلغان بولسا، ئۇلارغا تاشقى ۋە ئىچكى جەھەتتىن «مۇسۇلمان» دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. ئەگەر كۇفۇرنى ئاشكارا قىلغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى تەكشۈرۈپ يۈرمەستىن زاھىرى ۋە باتىنىنى ئوخشاشلا «كۇفرى» دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ.

ئەھلى سۈننەتلەر تەكفىر (يەنى كاپىرغا چىقىرىش) ئىشىدا مانا شۇنداق قاتتىق ئېھتىياتچان بولۇش بىلەن بىرگە، الله ۋە اللهنىڭ رەسۇلى كاپىرغا چىقارغان كىشىلەرنى كاپىرغا چىقىرىشتا ئىككىلىنىپ قالمايدۇ. چۈنكى بىر كىشى كاپىر قىلغۇچى بىرەربىر ئەمەل ياكى سۆزنى قىلغان بولسا، بۇ كىشىنى كاپىرغا چىقىرىشنىڭ جائىزلىقىغا دەلىل بولىدىغان نۇرغۇن شەرئىي نەس (يەنى شەرئىي تېكىست)لەر باردۇر.

(ئاخىرى 3- بەتتە)

(بېشى 2- بەتتە)

بەلكى ئەھلى سۈننەت كاپىرنى «كاپىر» دەپ ئېتىقاد قىلىش ۋە كاپىر قاتارىدا ساناشنى ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقاد ۋە ئەقىدە ئىلمىدىكى ئۇسۇل (ئاساس)لىرىنىڭ جۈملىسىدىن دەپ سانايدۇ. ئۇلار كاپىر (ئەسلى كاپىر ياكى ئەھلى ئىسلام مۇرتەدلىكىگە بىرلىككە كەلگەن مۇرتەد كاپىر)نى كاپىرغا چىقارمىغان كىشىنى ياكى ئۇنىڭ كاپىرلىقىغا شەك قىلىپ قالغان كىشىنى «كاپىر» دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ.

تەكفىر بابىدا (يەنى كاپىرغا چىقىرىش مەسىلىسىدە) مۇنداق بىر چوڭ مەشھۇر قائىدە بار. ئۇ بولسىمۇ كىمنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكى جەزمىي پاكىت بىلەن ئىسپاتلانغان بولسا، ئۇنداقتا شەك سەۋەبلىك ئۇنىڭ مۇسۇلمانلىقى يوقالمايدۇ. بارلىق ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئالىملىرى مانا بۇ بۈيۈك سەلەفىي قائىدە ئۈستىگە ئىتتىپاقىا كەلگەن، شۇ قائىدە ئۈستىدە ماڭغان ۋە شۇ قائىدە ئارقىلىق باشقا بىدئەتچىلەردىن ئالاھىدە پەرقلەنگەن. شۇڭا ئەھلى سۈننەت تەكفىر مەسىلىسىدە كىشىلەر ئىچىدە ئەڭ ئېھتىياتچاندۇر. چۈنكى تەكفىر مەسىلىسى مۇسۇلمان كىشى ئۆزىنى باغلاش ۋاجىب بولغان اللهنىڭ ۋەھيىسىگە تەۋە شەرئىي ئەھكاملار جۈملىسىدىندۇر، شۇنداقلا الله ۋە اللهنىڭ رەسۇلىنىڭ ھەققىدىندۇر. بۇ تەكفىر ئىشى قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ دەلىللىرى بىلەن بارلىققا كېلەلەيدۇ. شۇڭا بۇ تەكفىر (يەنى كاپىرغا چىقىرىش) ھۆكۈمىنى روشەن، ئوچۇق، سەھىھ بولغان شەرئىي دەلىلسىز ھالدا بىرەربىر كىشىگە ئىشلىتىش لايىق ئەمەس. ئۇنى نەپسى-خاھىش، ياكى بىلمەسلىك، ياكى بىلىمسىزلىك، ياكى ئەقلى قىياس، ياكى گۇمانىي قىياس دېگەنلەر بىلەن ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. بۇ كاپىرغا چىقىرىش ئىشىنى ئەھلى سۈننەتنىڭ يولىدا بولمىغان بىرەربىر بىدئەتچىگە ئىشلىتىشىمىز دۇرۇس ئەمەس. گەرچە ھېلىقى بىدئەتچى بىزنى كاپىرغا چىقارغان تەقدىردە ھەم ئۇنىڭغا ئاچچىقىمىز كېلىپ قىساس ئېلىش ئۈچۈن ئۇنى «كاپىر» دەپ ھۆكۈم قىلىشىمىز لايىق ئەمەس. چۈنكى ئىسلام بىر مۇسۇلمان كىشىنى روشەن، ئوچۇق پاكىت بولماي تۇرۇپ كاپىرغا چىقىرىشتىن توسقاندۇر ۋە بۇنىڭغا چۈشۈپ قېلىشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرغاندۇر. شۇڭا ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسىدە بولغانلار تەكفىر مەسىلىسىدە سۆزنى مۇتلەق قىلىدۇ. مەسىلەن، كىمكى مۇنداق گەپنى قىلسا ياكى مۇنداق ئىشنى قىلسا كاپىر دېگەندەك. ئەمما كاپىرغا چىقىرىش ئىشى شۇ كۇفرى سۆزنى سۆزلىگەن ياكى كۇفرى ئەمەلنى قىلغان مۇئەييەن شەخسكە ئالاقىدار بولغان چاغدا، ئۇنىڭغا مۇتلەق «كاپىر» دەپ ھۆكۈم قىلىنمۇۋەتمەيدۇ. ھەتتاكى شۇ مۇئەييەن شەخسكە ئىنكار قىلسا كاپىر بولىدىغان دەرىجىدىكى ھۆججەتنى بەرپا قىلماي، كاپىرغا چىقىرىشنىڭ شەرتلىرى تولۇق تېپىلماي ۋە كاپىرغا چىقىرىشنىڭ توسالغۇلىرى تولۇق يوقالماي تۇرۇپ «كاپىر» دەپ ھۆكۈم بەرمەيدۇ. چۈنكى تەكفىر (يەنى كاپىرغا چىقىرىش) ئىشى ھېچكىمنىڭ ھەققى ئەمەس بەلكى ئۇ شەرئىي ھۆكۈمدۇر. بۇ شەرئىي ھۆكۈمدە شەرىئەتنىڭ قائىدىلىرىگە مۇراجىئەت قىلىش ۋاجىبتۇر. شۇڭا الله ۋە اللهنىڭ رەسۇلى كىمنى كاپىرغا چىقارغان بولسا ۋە بۇ كىشىگە ھۆججەت تۇرغۇزۇلۇپ بولغان بولسا، ئۇنداقتا بۇ كىشى كاپىردۇر.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رحمه الله مۇنداق دېگەن: «گاھىدا بەزىبىر ئىش-ھەرىكەت ياكى بەزىبىر سۆزلەر كۇفرى سۆز ۋە كۇفرى ئىش-ھەرىكەت بولۇپ قالىدۇ. شۇنداقلا ئاشۇ ئىش-ھەرىكەت ۋە ئاشۇ سۆزنى قىلغان كىشىنى كاپىرغا چىقىرىش سۆزى مۇتلەق ئىشلىتىلىپ قالىدۇ. مەسىلەن، كىمكى مۇشۇ سۆزنى دېسە، ئەنە شۇ كاپىردۇر دېگەندەك. لېكىن ئاشۇ كۇفرى سۆزنى دېگەن ۋە كۇفرى ئىشنى قىلغان مۇئەييەن شەخسكە كەلگەندە، بۇ مۇئەييەن شەخسكە تەرك ئەتكەن كىشى كاپىر بولىدىغان دەرىجىدىكى ھۆججەتنى بەرپا قىلماي تۇرۇپ <كاپىر> دېگەن ھۆكۈم بېرىلمەيدۇ. مانا بۇ قائىدە ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ نەزىرىدىكى ۋەئىد تېكىستلىرى (يەنى جەھەننەم ۋەدە قىلىنغان تېكىستلەر)دە ئىزچىل قوللىنىدىغان قائىدىدۇر. شۇڭا ئەھلى قىبلىدىن مۇئەييەن بىر شەخسكە <ئۇ جەھەننەم ئەھلىدىندۇر> دەپ گۇۋاھلىق بېرىلمەيدۇ. چۈنكى كاپىرغا چىقىرىشنىڭ شەرتى يوق بولۇپ قالغانلىقى ياكى كاپىرغا چىقىرىشنىڭ توسالغۇلىرى تېپىلغانلىقى شۇنداقلا ئۇ كىشىنىڭ جەھەننەم ئەھلىدىن بولۇش ياكى بولماسلىقى جەزمىي ئىش ئەمەس بەلكى بىر ئېھتىماللىق ئىش بولغانلىقى سەۋەبلىك <ئۇ جەھەننەم ئەھلىدىندۇر> دەپ گۇۋاھلىق بېرىلمەيدۇ» (ئىبنى تەيمىيەنىڭ «مجموع الفتاوى» 35- توم 165- بەتتىن ئېلىندى).

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# غازاتلار تارىخى



## ئۇھۇد ئۇرۇشىنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچى — ھەمرائۇلئەسەد غازىتى

ئۇھۇد غازىتى شەۋۋال ئېيىنىڭ 15- كۈنى شەنبە كۈنىدە بولغان بولسا، ھەمرائۇلئەسەد غازىتى شەۋۋال ئېيىنىڭ 16- كۈنى يەكشەنبە كۈنىدە بولدى. يەكشەنبە كۈنى رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ مۇئەززىنى كىشىلەرگە: «بىز بىلەن پەقەت تۈنۈگۈن جەڭگە ھازىر بولغان كىشىلەرلا چىقسۇن» دەپ دۈشمەننى قوغلاش توغرىسىدا ئۈنلۈك ئاۋازدا ئۇقتۇرۇش جاكارلىدى.

ھەمرائۇلئەسەد غازىتى — ئۇھۇد غازىتىنىڭ داۋامى، بىر پارچىسى، تولۇقلىغۇچىسى ۋە ئۇنىڭ بىر بېتى ھېسابلىنىدۇ. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئەگەر مۇشرىكلار بۇ جەڭدە (يەنى ئۇھۇد جېڭىدە) ھېچبىر پايدىغا ئېرىشەلمىگەنلىكىنى ئويلاپ قالسا، يەنە قايتا كېلىپ قېلىشى مۇمكىن» دېگەنلەرنى پىكىر قىلغان ھالدا قونۇپ قالدى. ئەتىسى رەسۇلۇللاھ ﷺ ئورنىدىن تۇرۇپ، مۇسۇلمانلارنى دۈشمەنلەرگە قوغلاپ زەربە بېرىشكە چاقىرىق قىلدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي: «مەنمۇ سەن بىلەن بىللە جەڭگە چىقمەنمۇ؟» دېگەندە، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ياق!» دەپ جاۋاب بەردى. ئىسلام قوشۇنى مەدىنىدىن سەككىز مىل (بىر مىل تەخمىنەن 1700 نەچچە مېتىر كېلىدۇ) يىراقلىقتا جايلاشقان ھەمرائۇلئەسەد دېگەن جايغا چۈشۈپ بارگاھ قۇردى ۋە ئەسكەرلەرنى تەرتىپكە سالدى.

دەل شۇ پەيتتە، مەئبەد ئىبنى ئەبۇ مەئبەد خۇزەئى دېگەن كىشى ئۇشتۇمتۇت چىقىپ كەلدى (بەزى نەقىللەردە ئېيتىلىشىچە، بۇ كىشى مۇسۇلمان بولغان. يەنە بەزى نەقىللەردە ئېيتىلىشىچە، بۇ كىشى مۇسۇلمان بولمىغان. بۇ كىشى خۇزائە قەبىلىسى بىلەن ھاشىم جەمەتى ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقداشلىق سەۋەبلىك نەسىھەت قىلغۇچى سۈپىتىدە كەلگەن ئىدى). ئۇ: «ئى مۇھەممەد! الله بىلەن قەسەمكى، ساڭا يەتكەن مۇسىبەتلەر بىزگە ئىنتايىن ئېغىر تۇيۇلدى. بىز الله تعالىنىڭ سېنى ساق-سالامەت ساقلاپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلدۇق» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇ كىشىنى ئەبۇ سۇفيانغا يىتتىشىۋېلىپ، ئۇنى نىيىتىدىن ياندۇرۇشقا بۇيرۇدى.

مۇشرىكلار قوشۇنى تەرەپتە خۇددى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئويلىغىنىدەك، مۇشرىكلار ئۆزئارا تاپا-تەنە قىلىشتى، ھەتتاكى ئۇلار: «سىلەر نىمە ئىش قىلدىڭلار؟ سىلەر ئۇلار (مۇسۇلمانلار) نىڭ شەۋكىتىنى سۇندۇرغان تۇرۇقلۇق، ئۇلارنى تاشلاپ قويدۇڭلار. ئۇلارنىڭ قوماندانلىرى قېلىپ قالدى. ئۇلار سىلەرگە قايتا قوشۇن توپلاپ كېلىشىدۇ. شۇڭا سىلەر قايتىپ ئۇلارنىڭ پۈتۈن شەۋكىتىنى (كۈچ-قۇۋۋىتىنى) يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاڭلار» دېيىشتى. لېكىن ئۇلار ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى مەدىنىگە قايتا ھۇجۇم قىلىشنى قوللايدىغانلاردىن ئىدى. ئۇلار شۇنداق بىر ھالەتتە تۇرغاندا، ئۇشتۇمتۇت مەئبەد ئىبنى ئەبۇ مەئبەد كەلدى ۋە ئۇلارغا پىسخىك ئۇرۇش قوزغىدى. ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋە ساھابىلەرنىڭ ھالىتىنى مۇشرىكلارنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرىدا ئىنتايىن چوڭقايتىپ تەسۋىرلىگەچكە ئەبۇ سۇفيان: «ۋاي ساڭا! ۋاي سېنىڭ دەۋاتقان سۆزلىرىڭگە!» دېدى. ئۇ: «الله بىلەن قەسەم، مەن سىلەرنىڭ ئاتلىرىڭلارنىڭ كوكۇلىسى ياكى مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ ئەۋۋىلى مۇشۇ دۆڭلۈكنىڭ ئارقىسىدىن كۆرۈنگەنگە قەدەر يۆتكەلمەي تۇرۇشۇڭلارنى مۇۋاپىق دەپ قارايمەن» دېدى. ئەبۇ سۇفيان ئۇنىڭغا: «الله بىلەن قەسەم، بىز ئۇلارنى يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ تاشلاش ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلىشقا ئىتتىپاققا كەلگەن ئىدۇق» دېگەنىدى. مەئبەد ئىبنى ئەبۇ مەئبەد ئۇنىڭغا: «سەن ئۇنداق قىلمىغىن. مەن ساڭا ھەققەتەن كۆيۈنۈپ گەپ قىلىۋاتىمەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ سۇفيان ئۇنىڭ نەسىھىتىنى قوبۇل قىلىپ مەككىگە قايتىپ كەتتى.

### بۇ غازاتتىن ئېلىنغان پايدىلار

بىرىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ مۇجاھىدلارنى قايتىدىن ھەمرائۇلئەسەد غازىتىغا ئېلىپ چىقىشى بولسا قاتتىق تالاپەتكە ئۇچرىغان مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ پىسخىكىسىدا پەيدا بولغان مەغلۇبىيەت تۇيغۇسىنى يوق قىلىش ۋە مۇشرىكلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ چىقىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبە قىلغان بىر ھالىتىنى مۇجاھىدلارغا ھېس قىلدۇرۇش شۇنداقلا مەدىنىدە قېلىپ قالغان مۇسۇلمانلارغا مۇجاھىدلارنىڭ يېڭىلمەستىن بەلكى كاپىرلارنى قوغلاپ مەككىگە چېكىندۇرۇۋەتكەنلىكىدىن ئىبارەت مەنىۋىي ئۈستۈنلۈكنى قولغا كەلتۈرۈش ئىكەنلىكى.

ئىككىنچى. ئەگەر مۇجاھىدلار ئۆزلىرىدىن بوشاڭلىق ۋە مەغلۇبىيەتچىلىكنى يۇلۇپ تاشلاپ، الله ۋە اللهنىڭ رەسۇلىنىڭ چاقىرىقىغا «لەببەيك» دەپ ئاۋاز قوشسا، دۈشمەنلىرىگە قايتا ھۇجۇم قىلىشقا كۈچى يېتىدىغانلىقى.

ئۈچىنچى، ئۇھۇد جېڭىدە مۇسۇلمانلارغا يەتكەن مۇسىبەتنىڭ اللهنىڭ ئىرادىسى ۋە ھېكمىتى تەقەززا قىلغان ئىمتىھان ۋە سىناق ئىكەنلىكى. شۇنداقلا، مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچلۈك، ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشتە غالىب بولغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە زەئىپ ۋە ئاجىز ئىكەنلىكى.

تۆتىنچى، مۇجاھىدلارنىڭ ئۆز دۈشمەنلىرىنىڭ مەنىۋىيىتىنى چۈشۈرۈش ۋە سۇندۇرۇش ئۈچۈن پىسخىكا ئۇرۇشىنى قوللىنىشنىڭ ئىنتايىن زۆرۈرلۈكى. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆز قوشۇنىنى ھەمرائۇلئەسەد غازىتىغا ئېلىپ چىقىپ، ئۇ يەردە ئۈچ كۈن تۇرۇپ قالدى. ئاندىن ئوت يېقىشقا بۇيرۇدى. بۇ ئوتنىڭ نۇرلىرى پۈتۈن ئەتراپنى بىر ئالدى ھەتتاكى قۇرەيشتە شۇنداق خىيال پەيدا بولدىكى: «مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ سانى ئىنتايىن كۆپكەن، بىز ئەمدى ئۇلارغا تەڭ كېلەلمىگۈدەكمىز، شۇڭا قايتىپ كېتەيلى» دەپ ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرىگە قورقۇنچ چۈشتى (بۇ ۋەقەلىك ئەبۇ فارىسنىڭ «غزوة أحد» ناملىق كىتابىنىڭ 51- بېتىدىن ئېلىندى).

ئىبنى سەئىد ئۆزىنىڭ «طبقات» ناملىق كىتابىنىڭ 2- توم 49- بېتىدە شۇنداق دېدىكى: «رەسۇلۇللاھ ﷺ ساھابىلىرىنى ئېلىپ ھەمرائۇلئەسەد دېگەن جايغا توپلاشتى. مۇسۇلمانلار شۇ كېچىسى يىراق جايدىن كۆرۈنۈش ئۈچۈن 500 جايغا گۈلخان يېقىشتى. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ ئاۋازى ۋە ئۇلار ياققان ئوتنىڭ نۇرى ھەرجايغا تاراپ كەتتى. الله تعالى بۇ ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمىنىنى كەينىگە چېكىندۇردى ۋە ئۇلارنى خار قىلىپ، مەنىۋىيىتىنى سۇندۇردى».

بەشىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ساھابىلىرىگە ناھايىتى كۆيۈمچان تۇرۇقلۇق، ئۇلار قاتتىق جاراھەتلەنگەن ۋە ھېرىپ چارچىغان بولسىمۇ، ئۇلارنى ھەمرائۇلئەسەد غازىتىغا ئېلىپ چىقتى. مانا بۇنىڭ — «مۇسۇلمان مۇسۇلمانغا كۆيۈنۈش» دېگەن پرىنسىپقا زىت ئەمەسلىكى. تېزلىك بىلەن قاراپ چىققان كىشى مانا بۇ غازاتقا چىقىشتا بىر ئىچ ئاغرىتىش يوقلۇقىنى بىلىدۇ. لېكىن تەربىيە، سىياسەت ۋە ئەسكىرىي تاكتىكا مۇجاھىدلارنى مانا مۇشۇنداق قىيىنچىلىق بولسىمۇ بۇيرۇققا ئىتائەت قىلىپ، ھەمرائۇلئەسەد غازىتىغا ئوخشاش ئەمىرلەر «بۇ ئىستراتېگىيىلىك چوڭ پايدا كۆزلەنگەن غازات» دەپ قارىغان غازاتلارغا چىقىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

# ئەسكىرىي تەلىم




## يولدىن كېسىپ ئۆتۈش

بىز دۈشمەن دائىرىسىدىكى يولدىن ئۆتمەكچى بولساق، سانىمىزنىڭ ئاز-كۆپلۈكىگە، دۈشمەننىڭ قايسى تەرەپتىن كېلىدىغانلىقى ۋە دۈشمەن بازىسىنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىگە قاراپ ئىش كۆرىمىز. سانىمىز 10 دىن 20 گىچە بولۇپ، دۈشمەن بىر تەرەپتىنلا كەلسە ۋە يول تۈز بولسا (يەنى دۈشمەننىڭ يىراقتىن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولسا) 50 مېتىر يىراقلىقتا RPG ۋە پىلىموت ئاتقۇچىلارنى ئەۋەتىمىز. ئاندىن ئىككى رازۋېدچىك ئاۋۋال ئۆتۈپ، ئەتراپنى بىر كۆزىتىۋەتكەندىن كېيىن، قالغانلارمۇ بىر-بىرلەپ تېز ئۆتىدۇ. كېيىن ئۆتكەنلەر ئاۋۋال ئۆتكەنلەرنىڭ ئورنىغا كېلىدۇ، ئاۋۋال ئۆتكەنلەر ئازراق ئالدىغا ئىلگىرىلەپ ئەتراپنى كۆزىتىپ ئولتۇرىدۇ. ھەممەيلەن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن بۇ تەرەپتىكىلەر يولنى كۆزىتىپ بېرىدۇ، مۇداپىئەدە تۇرغانلار ئۆزىنىڭ ئۇدۇلىدىن ئۆتىدۇ.

ئەگەر بىزنىڭ سانىمىز كۆپ بولسا (مەسىلەن، 35، 40، 50، 70، 100 دېگەندەك) ۋە يولنىڭ ئىككىلا تەرىپىدىن دۈشمەن كېلىش ئېھتىماللىقى بولسا ھەمدە يول تۈز بولمىسا (يەنى دۈشمەننىڭ

(ئاخىرى 4- بەتتە)

(بېشى 3_ بەتتە)













يىراقتىن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولمىسا) يولنىڭ ئىككىلا تەرىپىگە كۆچلۈك مۇداپىئە قويىمىز. يولنىڭ دۈشمەننىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈشتىن توسۇپ قويىدىغان ئايلانمىسى بولسا، مۇداپىئەچىلەرنى يىراقنى كۆرۈپ تۇرالايدىغان ئورۇنغا قويىمىز. مۇداپىئەنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىككى رازۋېدچىك ئۆتۈپ ئەتراپنى بىر قۇر كۆزىتىۋەتكەندىن كېيىن، قالغانلار ئىككىدىن، ئۈچتىن تىز ئۆتىدۇ، بۆرۈنقى تەرتىپكە ئوخشاش كېيىن ئۆتكەنلەر بۆرۈنقىلارنىڭ ئورنىدا ئولتۇرىدۇ.

ئەگەر ئۆتۈش جەريانىدا دۈشمەن كېلىپ قالسا، مۇداپىئەچىلەر ئورنىنى ئاشكارىلىماي (يەنى جەڭدە ئاتقاندەك سىرىپ ئاتماي) پات-پات ئېتىپ قويۇپ، دۈشمەننى توسۇپ تۇرىدۇ، چۈنكى دۈشمەن ئۆز ئالدىدا ئوق چىقسا «پىستىرمىغا چۈشكەن ئوخشايمىز» دەپ ماڭالمايدۇ. دۈشمەن ئوقنىڭ قەيەردىن چىققانلىقىنى ئېنىقلاپ، ئۆزىنىڭ پىستىرمىغا چۈشمىگەنلىكىنى ۋە بىزنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىمىزنى بىلمەي تۇرۇپ ئالدىغا ماڭمايدۇ، بىز بۇ ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ئۆتۈپ كېتىمىز ياكى چېكىنىمىز. مەسىلەن، سانىمىز ئاز، يەر شارائىتى يوشۇرۇنۇشقا ئەپلىك ۋە يولدىن ئۆتۈش مۇھىم بولسا، مۇداپىئەچىلەر توسۇپ تۇرغاندا ئۆتۈپ كېتىمىز. ئەگەر سانىمىز كۆپ، يەر شارائىتى يوشۇرۇنۇشقا ئەپسىز بولسا، يېنىپ كېتىپ باشقا ۋاقىتنى تاللاپ ئۆتىمىز، بۇنى ئەھۋالغا قاراپ ئەمىر ئۆزى بەلگىلەيدۇ.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

## سەبىيلەر سەھىپىسى

1. تۆۋەندىكى تېپىشماقلارنى قېنى كىم تېز ھەم توغرا تاپالايدۇ؟
يازدا يېشىل، كۈزدە سېرىق،
بارار يېرى ئويمان، ئېرىق.
2. تۆۋەندىكى تېپىشماقنى تېپىپ بېقىڭ!
تۇغۇلۇپلا يەرنى دەسسەش،
چەيلەشنى،
ئۆگىنىپتۇ سۇدا ئۈزۈش،
لەيلەشنى.

ئالدىنقى ساندىكى تېپىشماقلارنىڭ جاۋابى:
1. سۇت.
2. شەپەرەڭ.



# جىهاد چەشمىلىرى

■ 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى نۇسرەتۇل ئىسلام ۋەلمۇسلىمىن جامائىتى مالىنىڭ سوكولو رايونىدا مالى ئارمىيىسىنىڭ بىر دانە ماشىنىسىغا قارىتا مىنا ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، ئۈچ نەپەر ئەسكەرنى ئۆلتۈرگەن.

■ 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئافغانىستاننىڭ پەرۋان ۋىلايىتىنىڭ شىنۋارى رايونىدا ئىمارەت مۇجاھىدلىرى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق ئەمەلىيەتتە، ئىككى نەپەر ئەسكىرىي مەسئۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 11 نەپەر ساتقىن ئافغان ئارمىيە ئەسكىرى ئۆلگەن ۋە شۇ رايوندىكى ساتقىن ھۆكۈمەتنىڭ بىر نەپەر سوتچىسى ئەسىر ئېلىنغان.

■ 1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ بەيداۋا شەھىرىگە 45 كىلومېتىر كېلىدىغان بەيداۋا ـــ مۇقدىشۇ تېز سۈرئەتلىك تاش يولىدا كېتىۋاتقان تاجاۋۇزچى ئېفئوپىيە ئەسكەرلىرىنىڭ ماشىنا ئەترىتىگە قارىتا پىستىرما ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، ئاز دېگەندە 82 نەپەر تاجاۋۇزچى ئېفئوپىيە ئەسكىرىنى ئۆلتۈرگەن.

■ 1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ياپونىيە دېڭىز رايونىدا مەشىق ئېلىپ بېرىۋاتقان رۇسىيىنىڭ «Su-34» تىپلىق ئىككى دانە كۈرەشچى ئايروپىلانى ئۆزئارا سوقۇشۇپ كېتىش نەتىجىسىدە بىر نەپەر ئۇچقۇچى ئۆلگەن ۋە يەنە بىرى يارىلانغان.

■ 1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ فەرياب ۋىلايىتى داۋلەت ئاباد رايونىدىكى بىر پىستىرما ئەمەلىيىتىدە ساتقىن ئافغان ئارمىيىسىنىڭ 15 دانە ئوق ئۆتمەس ئەسكىرىي ماشىنىسىنى ۋەيران قىلىپ، 10 نەپەر ئەسكەرنى ئۆلتۈرگەن ۋە توققۇز نەپىرىنى يارىلاندۇرغان.

■ 1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ جۇبا ۋىلايىتى بارسانجۇنى مەنتىقىسىدىكى ساتقىن سومالى ئارمىيىسىنىڭ بىر مۇھىم ھەربىي بازىسىغا قارىتا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، بۇ بازىنى فەتھە قىلغان. مۇجاھىدلار بۇ ئەمەلىيەتتە ئاز دېگەندە 41 نەپەر ساتقىن ئەسكەرنى ئۆلتۈرۈپ، بازىدىكى قورال-ياراق، ئوق-دورا ۋە ئەسكىرىي ماشىنىلارنى غەنىيمەت ئالغان.

■ 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى نۇسرەتۇل ئىسلام ۋەلمۇسلىمىن جامائىتى مالىنىڭ ئاگۇۋۇلخوك رايونىدىكى تاجاۋۇزچى ب د ت قوشۇنىنىڭ بىر بازىسىغا قارىتا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، 10 نەپەر ب د ت ئەسكىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە 25 نەپىرىنى يارىلاندۇرغان.

■ 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى مەيدان ۋارداك ۋىلايىتىنىڭ مەيدانشار شەھىرىدىكى ساتقىن ئافغان ئارمىيە ئالاھىدە قىسىم ئەسكەرلىرىنىڭ مەركىزىگە قارىتا پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان بولۇپ، بۇ ئەمەلىيەت ئاۋۋال بىر نەپەر پىدائىي قېرىندىشىمىزنىڭ مەركەزنىڭ كىرىش ئېغىزىغا ئىستىشھادىي قىلىشى بىلەن باشلانغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككى نەپەر ھۇجۇمچى قېرىندىشىمىز مەركەزنىڭ ئىچىگە باستۇرۇپ كىرگەن. بۇ قېتىملىق ئەمەلىيەت ئۈچ سائەت داۋاملاشقان بولۇپ، نەتىجىدە ساتقىن ئافغان ئارمىيە ئالاھىدە قىسىم ئەسكەرلىرىدىن 90 نەپىرى ئۆلگەن ۋە 100 دىن ئارتۇقى يارىلانغان.

■ 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى رۇسىيىنىڭ قارا دېڭىز رايونىغا جايلاشقان كارېب بوغۇزىدا رۇسىيىنىڭ ئىككى دانە نېفىت توشۇيدىغان پاراخوتىغا ئوت كېتىپ، 11 نەپەر كىشى ئۆلگەن، قالغانلىرى دېڭىزغا سەكرەپ قۇتۇلغان.

■ 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى سەئۇدى ئەرەبىستانلىق مەشھۇر ئالىم شەيخ ئەھمەد ئەممارىنىڭ ئوغلى تارقاتقان خەۋەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ ئالىم زالىم سەئۇدى ھۆكۈمىتىنىڭ تۈرمىسىدە بەش ئاي ياتقاندىن كېيىن تۈرمىدە ۋاپات بولغان.

شەيخ ئەھمەد ئەممارى بولسا مەدىنە مۇنەۋۋەر ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرئان فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى بولغان. سەئۇدى ھۆكۈمىتى بۇ شەيخنى 8 ـ ئايدا قولغا ئالغان بولۇپ، شەيخنىڭ ۋاپات بولۇشىدىن بىر ھەپتە ئىلگىرى، سەئۇدى ھۆكۈمىتى شەيخ ئەممارىنىڭ ئائىلىسىگە شەيخنى قويۇپ بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر بەرگەن. لېكىن بۇ خەۋەر كەلگەن ۋاقىتتا شەيخ ئەممارى ھوشسىز ھالەتكە چۈشۈپ بولغان ئىكەن.

■ خىتاينىڭ زوۋانى بولغان خەلق تورىنىڭ 1 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى تارقاتقان خەۋەرگە ئاساسلانغاندا، ئاتالمىش ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىدا كۆرسىتىلىشىچە، ھازىرغا قەدەر پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا (بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ماھارەت ئۇستىلىرى خىزمەت ئىشخانىلىرىدىن جەمئىي 87 سى (بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىكى 21)، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك يۇقىرى ماھارەتلىك ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش بازىلىرىدىن 41 ى (بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىكى 20) بار ئىكەن.

تاجاۋۇزچى خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىۋاتقان باستۇرۇش سىياسىتى ئىچىدىكى لاگېرلار مەسىلىسىنى خەلقئارا جەمئىيەت ئالدىدا يېپىپ، چىرايلىق كۆرسىتىپ «تەربىيىلەش بازىسى»، «تەربىيىلەش كۇرسى» دېگەن ناملارنى قوللانماقتا.

■ 1 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى تاجاۋۇزچى ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ئايروپىلانلىرى ئافغانىستاننىڭ ھېلماند ۋىلايىتىنىڭ سەنگىن رايونىنى بومباردىمان قىلىپ، بىر ئائىلىدىن توققۇز بالا، بىر بوۋاي، تۆت نەپەر ئايال ۋە ئىككى نەپەر ياش يىگىتنى شەھىد قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بەش نەپەر پۇقرانى يارىلاندۇرغان.

■ 1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى BBC خەۋەر ئاگېنتلىقىنىڭ بەرگەن خەۋىرىدە ئېيتىلىشىچە، ئافغانىستاننىڭ مۇرتەد پرېزىدېنتى ئەشرەپ غېنى 2014 ـ يىلى پرېزىدېنتلىق ۋەزىپىسىگە ئولتۇرغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە ئاز دېگەندە 45 مىڭ نەپەر ساتقىن ئافغان ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئېلان قىلغان.

■ 1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى سەئۇدى ئەرەبىستاندىن تارقالغان خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا، سەئۇدى ئەرەبىستان تۈرمىسىدە يېتىۋاتقان ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئەڭ چوڭ ئۆلىمالىرىدىن بولغان مۇھەددىس ئالىم شەيخ سۇلايمان ئۇلۋاننىڭ سالامەتلىكى ناچارلاشقان. بۇ خەۋەرنى تارقاتقان مەنبەنىڭ ئېيتىشىچە، شەيخ سۇلايمان ئۇلۋان ئەس-ھوشىنى يوقاتقان بولۇشى مۇمكىن، تۈرمە مەسئۇللىرى شەيخنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىشتىن چەكلىگەن. دېمەك، شەيخ ھازىر ئۆلۈم گىرداۋىدا ئىكەن. (مېھرىبان رەببىمىز الله ئۇستازىمىزنىڭ كېسىلىگە شىپالىق بەرسۇن!)

سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتى شەيخ سۇلايمان ئۇلۋاننى «مۇجاھىدلارنى قوللىدى» دېگەن باھانە بىلەن بىرىنچى قېتىمدا 2004 ـ يىلى توققۇز يىللىق؛ ئىككىنچى قېتىمدا 2013 ـ يىلى 15 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلغان. شەيخ ھازىرغىچە تۈرمىدە يالغۇز قاماقتا ئىكەن. (مېھرىبان الله ئۇستازىمىزنى ئەسىرلىكتىن قۇتقازسۇن!)

■ 1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ھېلماند ۋىلايىتىنىڭ جىرشاك ۋە سائىنى رايونلىرىدا ساتقىن ئافغان ئارمىيىسىگە قارشى ھۇجۇم ئەمەلىيەتلىرى ئېلىپ بېرىپ، 59 نەپەر ئەسكەرنى ئۆلتۈرگەن ۋە 11 نەپىرىنى يارىلاندۇرغان ھەمدە 13 دانە ئوق ئۆتمەس ماشىنىنى ۋەيران قىلغان.

■ 1 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئىران بىلەن پاكىستاننىڭ بەلۇجىستان رايونىدا جىھادىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتقان جەيش ئادىل جامائىتى ئىراننىڭ سىستان-بەلۇجىستان ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى زاخادىنادا تاجاۋۇزچى ئىران رافىزىي كاپىرلىرىنىڭ بىر ساقچى مەركىزىگە قارىتا بومبا ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، ئۈچ نەپەر رافىزىي شىئە كاپىرلىرىنى يارىلاندۇرغان.

■ 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تاجاۋۇزچى يەھۇدىي ئەسكەرلىرى قۇددۇس شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى يەھۇدىي ئەسكەرلىرىنىڭ بىر تەكشۈرۈش پونكىتىغا يېقىنلاشقان پەلەستىنلىك مۇسۇلمان قىزغا ئوق چىقىرىپ شەھىد قىلغان.

بۇ مۇسۇلمان قىز بولسا 16 ياشلىق قارى بولۇپ، يەھۇدىي ئەسكەرلىرى بۇ قىزغا ئوق چىقارغىنىغا: «بۇ قىز بىزنى پىچاقلىماقچى ئىدى» دەپ سەۋەب كۆرسەتكەن. يېقىندا قۇددۇس شەھىرىدە تاجاۋۇزچى يەھۇدىيلارغا قارىتا ھۇجۇملار كۆپەيگەندىن كېيىن، بۇ يەھۇدىيلار ئۆزلىرىدىن خەۋپسىرەپ، يېقىنلاشقان مۇسۇلمانلاردىن ئەنسىرەيدىغان بولۇپ قالغان.

■ 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى جەنۇبىي فىلىپپىننىڭ زەنبوۋانگا شەھىرىدىكى بىر مەسجىد قول بومبا ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، مەسجىدتىكى ئىككى كىشى ۋاپات تاپقان ۋە تۆتى يارىلانغان.

## ئەسكەرتىش

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گېزىت، رادىئو ۋە ژۇرناللىرىمىزنى ماقالە، شېئىر، سەرگۈزەشتە، تارىخ، ئەسكىرىي تەلىم، جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىباتلار، تېببىي مەلۇماتلار... قاتارلىق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى سەممىي ئىلتىماس قىلىمىز.

بۇ گېزىتنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا الله تعالى نىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن! سالىھ دۇئالىرىڭلاردا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇنۇتمىغايسىلەر!

والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته